# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش نىزامى

(بېشى 7 - بەتتە)

قان ياسالمىسى ئىشلىگۈچى ئورۇنلار ماتېرىيال قان شەرىسىنى ئىشلەشتىن بۇرۇن ھەربىر قان شىرىسىنى ئەيدىز كېسەلى بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈشى كېرەك؛ ئەيدىز كېسىلى بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈلمىگەن ياكى ئەيدىز كېسىلى بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈشتە مۇسبەت چىققان قان شىرىسىنى ماتېرىيال قان شىرىسى ئورنىدا ئىشلەپچىقىرىشقا بولمايدۇ.

داۋالاش ئاپپاراتلىرى، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرى، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرى جىددىي قان لازىم بولۇپ دەمال ئېلىنغان قاننى ئەيدىز كېسىلى بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈشى ۋە ئۆلچەپ تەكشۈرۈش نەتىجىسنى ئېنىقلىشى كېرەك ھەمدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قان تەقدىم قىلىش قانۇنى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە ئەنگە ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك؛ ئەيدىز كېسىلى بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈلمىگەن، ئېنىقلانمىغان ياكى ئۆلچەپ تەكشۈرۈشتە مۇسبەت چىققان قاننى ئېلىشقا ياكى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئەيدىز كېسىلىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش يادرو كىسلاتاسى تەكشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**36 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە - ساغلاملىق، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە مەمۇرىي تارمىقى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، شۇنىڭدەك داۋالاش ئاپپاراتلىرى، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرى، مۇناسىۋەتلىك پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ئەيدىز كېسىلىنىڭ كەسپتە ئاشكارىلىنىشىغا جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى تۈزۈشى ھەمدە ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ياكى تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلىش جەريانىدا ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان كىشىلەرنى ئەيدىز كېسىلىنىڭ كەسپتە ئاشكارىلىنىشىدىن مۇداپىئەلىنىش بويىچە تەربىيەلىشى، مۇداپىئە بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلىشى، ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ياكى يۇقۇملىنىپ قالغانلارنى كەسپتە ئاشكارىلىنىشنى بىر ياقلىق قىلىش ئاپپاراتلىرىغا بېرىپ مۇداپىئەلىنىش ياكى قۇتقۇزۇشنى قوبۇل قىلىشقا ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

ئەيدىز كېسىلىنىڭ كەسپتە ئاشكارىلىنىشىنى بىر ياقلىق قىلىش ئاپپاراتى كەسپتە ئاشكارىلىنىش نەق مەيدانىنى بىر ياقلىق قىلىش، بىر ياقلىق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش، ئاشكارىلانغاندىن كېيىنكى يۇقۇملىنىش خەۋپىنى باھالاپ مەسلىھەت بېرىش، ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرىدىكى داۋالاش، تەجرىبىخانىدا ئۆلچەپ تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. ئاشكارىلىنىش مەنبەسى بىلەن ئۇچرىشىشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى يىغىدۇ، تىزىملايدۇ، ساقلايدۇ، سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىدۇ ھەمدە ئەھۋال ئىگىلەپ ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى بېكىتكەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسىغا قارشى داۋالاش بويىچە بەلگىلەنگەن داۋالاش ئاپپاراتى مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسىنىڭ كەسپتە ئاشكارىلىنىپ يۇقۇملىنىشىنى بىر ياقلىق قىلىش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىگە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

**37 - ماددا** ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرى تۆۋەندىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى كېرەك:

(1) داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتىنىڭ داۋالىشى، تېببىي يېتەكچىلىكى ۋە قەرەللىك ئەھۋال ئىگىلەپ تۇرۇشىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىش؛

(2) ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇشقا مەسئۇل ئورۇننىڭ تارقىلىشچان كېسەل ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشىنى قوبۇل قىلىش؛

(3) كېسەل كۆرسەتكەندە يۇقۇملانغانلىق ياكى كېسەل قوزغالغانلىق پاكىتىنى قوبۇل قىلغۇچى دوختۇرغا ئەينەن ئۇقتۇرۇپ قويۇش؛

(4) ئولتۇرۇشلۇق جايى ياكى دائىم تۇرۇشلۇق جايىدىن 30 كۈندىن يۇقىرى ئايرىلىدىغان ھەمدە داۋالىنىش مۇلازىمىتىگە ئېھتىياجلىق بولسا، ئايرىلىشتىن بۇرۇن شۇ جايدىكى كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتىغا ياكى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇشقا مەسئۇل ئورۇنغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش؛

(5) يۇقۇملانغانلىق ياكى كېسەل قوزغالغانلىق پاكىتىنى ئۆزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋىتى بارلارغا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ قويۇش؛

(6) زۆرۈر مۇداپىئە تەدبىرى قوللىنىپ، باشقىلارغا يۇقتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش.

ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىنىڭ ئەيدىز كېسىلى بولۇپ قالغانلىق باھانىسى بىلەن ئۆكتەملىك قىلىپ چاتاق چىقىرىشىغا، باشقىلارنى قورقۇتۇشىغا، ئەيدىز كېسىلىنى ھەرقانداق يول بىلەن قەستەن تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

## 5 - باب داۋالاپ قۇتقۇزۇش

**38 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەيدىز كېسىلىنى داۋالاپ قۇتقۇزۇش، ۋىرۇسقا قارشى ھەقسىز داۋالاش ۋە مەھەللە غەمخورلۇق مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى ئاممىۋى ساغلاملىق سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا كىرگۈزۈشى ھەمدە داۋالاش خىزمىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**39 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش مۇلازىمىتى خىزمىتىنى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ دەرىجىسىنى باھالاش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈشى ھەمدە ئەيدىز كېسىلىنى داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرى گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئەيدىز كېسىلىنى كلىنىكىلىق داۋالاشقا تېخنىكا جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغان ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسىغا قارشى داۋالاش بويىچە بەلگىلەنگەن داۋالاش ئاپپاراتى مۇناسىۋەتلىك داۋالاش ئۆلچىمىگە توشىدىغان ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىنى ۋىرۇسقا قارشى داۋالاشقا مەسئۇل بولىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ كېسەل كۆرسەتكەن بىمارنىڭ ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى ياكى ئەيدىز كېسىلى بىمارى ئىكەنلىكى سەۋەبىدىن باشقا كېسىلىنى داۋالاشنى باشقىلارغا ئىتتىرىشكە ياكى رەت قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

**40 - ماددا** ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرى پرىنسىپ جەھەتتە ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدا ئەھۋال ئىگىلەپ تۇرۇش، داۋالاش ۋە قۇتقۇزۇشنى قوبۇل قىلىدۇ.

**41 - ماددا** داۋالاش ئاپپاراتلىرى، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ھامىلدارلار، تۇغۇتلۇق ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ بوۋاقلىرىغا تۇغۇتتىن بۇرۇن يېتەكچىلىك قىلىش، دورا ئارقىلىق ئۈزۈۋېتىش، داۋالاش، تۇغۇتتىن كېيىن يوقلاش، بوۋاقنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇش، كۆزىتىش، ئوزۇقلىنىشقا يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتلەردە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە بويىچە ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك.

**42 - ماددا** جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە مەمۇرىيىتى، سەھىيە - ساغلاملىق تارمىقى قاتارلىق تارماقلار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سورۇنلىرىنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ۋە خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى ھەمدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سورۇنلىرىنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى كېرەك.

نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سورۇنلىرى ئەيدىز كېسىلىنى دەسلەپكى تاسقاپ ئۆلچەپ تەكشۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مۆھلىتى ئۈچ ئايدىن يۇقىرى بولغان نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغانلارنى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى قارشىلىقى بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈشى؛ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سورۇنلىرى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش شارائىتىنى ھازىرلىمىغان بولسا تۇرۇشلۇق جايدىكى كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتى ئۆلچەپ تەكشۈرۈشى كېرەك.

نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سورۇنلىرىدىكى داۋالاش ئاپپاراتى تۇرۇشلۇق جايدىكى داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى ۋە كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلۇۋاتقانلار ئىچىدىكى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىنى ۋىرۇسقا قارشى داۋالىشى ھەمدە ئۇچۇر يوللاش، مۇسبەتلىك نەتىجىسنى ئۇقتۇرۇش، پسىخكىلىق مەسلىھەت بېرىش ۋە داۋالاپ ئۇلىشاش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇشى؛ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشتىن بوشىتىلغان ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىنى ئولتۇرۇشلۇق جايدىكى كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتىغا ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغانلارنىڭ نوپۇسقا ئېلىنغان جاي ياكى تۇرۇشلۇق جايدىكى كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتىغا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇشى كېرەك.

**43 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا، تۆۋەندىكى غەمخورلۇق قىلىش، قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى كېرەك:

(1) ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىنى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسىغا قارشى دورا بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش؛

(2) يېزا ۋە شەھەر - بازارلاردىكى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار، ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىدىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بارلىرىنىڭ پۇرسەتلىك يۇقۇملىنىشقا قارشى داۋالاش دورا پۇلىنى مۇۋاپىق ئازايتىش، كەچۈرۈم قىلىش؛

(3) ئەيدىز كېسىلى بويىچە مەسلىھەت سورايدىغان، ئۆلچەپ تەكشۈرتىدىغانلارغا ھەقسىز مەسلىھەت بېرىش ۋە ئۇلارنى دەسلەپكى تاسقاپ ئۆلچەپ تەكشۈرۈش؛

(4) ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ھامىلدارلار، تۇغۇتلۇق ئاياللارنى ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئانىدىن بوۋاققا يۇقۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ھەقسىز داۋالاش ۋە ئۇلارغا مەسلىھەت بېرىش؛

(5) ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان بالىلارغا ئاساسىي تۇرمۇش پۇلى تارقىتىش؛

(6) ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىدىن قالغان يېتىم بالىلار ۋە ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ يەسلى مائارىپى، مەجبۇرىيەت مائارىپى ۋە تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى مائارىپنى قوبۇل قىلىشىنى قوللاش.

**44 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالاش كاپالىتى تارمىقى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسىگە بىنائەن، بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەيدىز كېسىلىنى داۋالاش دورىسى، داۋالاش تۈرىنى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن چىقىم قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈشى كېرەك. ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قانۇن بويىچە قاتنىشىدۇ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**45 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خەلق ئىشلىرى تارمىقى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىنى قۇتقۇزۇش لايىھەسىنى باشلامچىلىق بىلەن تۈزۈشى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە بەلگىلەنگەن داۋالاش ئاپپاراتىنى بېكىتىشى، قۇتقۇزۇش تەرتىپىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈشى، ئەيدىز كېسىلىدىن پۇرسەتلىك يۇقۇملانغانلارنىڭ داۋالىنىش يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىشى كېرەك.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خەلق ئىشلىرى تارمىقى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ھەمدە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش شەرتىگە توشىدىغان ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈشى، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە قىلىش، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى بېقىش قاتارلىق ياردەملەرنى بېرىشى كېرەك.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خەلق ئىشلىرى تارمىقى جامائەت خەۋپسىزلىكى، سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر، يېتىم بالىلار شەرتىگە توشىدىغان ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىنى ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، مۇۋاپىق ئۇسۇل قوللىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

## 6 - باب قانۇن جاۋابكارلىقى

**46 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى ۋە ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى كومىتېتىغا ئەزا باشقا ئورۇنلاردىن تەشكىللەش، رەھبەرلىك قىلىش، كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلمىغان ياكى ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش - قۇتقۇزۇش تەدبىرى قوللانمىغانلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىدۇ، تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ ئەيدىز كېسىلىنىڭ يۇقۇشى، تارقىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ياكى باشقا ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىنىڭ جاۋابكارلىقى بار مەسئۇل خادىمى ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا رېۋىزىيە ئورگىنى مۇناسىپ ھالدا ھۆكۈمەت ئىشلىرى جازاسى بېرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**47 - ماددا** داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتلىرىدىن مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولغانلىرىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق تارمىقى ياكى جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە مەمۇرىي تارمىقى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىدۇ، ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ، تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ ئەيدىز كېسىلىنىڭ يۇقۇشى، تارقىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ياكى باشقا ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىنىڭ جاۋابكارلىقى بار مەسئۇل خادىمى ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا رېۋىزىيە ئورگىنى مۇناسىپ ھالدا ھۆكۈمەت ئىشلىرى جازاسى بېرىدۇ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئاپپارات ياكى جاۋابكار خادىمنىڭ كەسپكارلىق ئىجازەتنامىسىنى قانۇن بويىچە بىكار قىلسا بولىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) ئەيدىز كېسىلىنى كۆزىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغانلار؛

(2) ئەيدىز كېسىلى يۇقۇمىنى مەلۇم قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا قانۇنغا ئەمەل قىلمىغان ياكى ئەيدىز كېسىلى يۇقۇمىنى يوشۇرغان، كېچىكتۈرۈپ مەلۇم قىلغان، يالغان مەلۇم قىلغانلار؛

(3) ھەقسىز مەسلىھەت بېرىش ۋە دەسلەپكى تاسقاپ ئۆلچەپ تەكشۈرۈشتە بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلمىغانلار؛

(4) ئۆيلىنىشتىن بۇرۇنقى ئەيدىز كېسىلىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ساختا دوكلاتىنى بەرگەنلەر؛

(5) دەمال ئېلىنغان قاننى ئەيدىز كېسىلى بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرمىگەن، كلىنىكىدا ئىشلىتىلىدىغان قاننى ئەيدىز كېسىلى بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈش نەتىجىسنى ئېنىقلىمىغان ياكى ئەيدىز كېسىلىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈشتە مۇسبەت چىققان قاننى كلىنىكىدا ئىشلەتكەنلەر؛

(6) ئۆلچەملىك مۇداپىئەلىنىش پرىنسىپىغا رىئايە قىلماي ياكى مەشغۇلات قائىدىسى ۋە دېزىنفېكسىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلماي، ئەيدىز كېسىلىنىڭ دوختۇرخانىدا يۇقۇشى ياكى تېببىي مەنبەلىك يۇقۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلار؛

(7) شۇ كىشىنىڭ ياكى ئۇنىڭ ۋەسىيسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار، ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك شەخسىي ئۇچۇر ماتېرىياللىنى مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرگە ئاشكارىلاپ قويغانلار؛

(8) دوختۇرغا كۆرۈنگىلى كەلگەن ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىنى قوبۇل قىلىشنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويغان، رەت قىلغانلار؛

(9) ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ھامىلدارلار، تۇغۇتلۇق ئاياللار ياكى ئۇلارنىڭ بوۋاقلىرىغا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئانىدىن بوۋاققا يۇقۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تېخنىكا جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىشتا بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلمىغانلار.

**48 - ماددا** قان ئېلىش - بېرىش ئاپپاراتلىرىدىن مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ بىرى بولغانلىرىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىدۇ، ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ، تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ ئەيدىز كېسىلىنىڭ يۇقۇشى، تارقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ياكى باشقا ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىنىڭ جاۋابكارلىقى بار مەسئۇل خادىمى ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا رېۋىزىيە ئورگىنى مۇناسىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرى جازاسى بېرىدۇ ھەمدە قان ئېلىش - بېرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسپكارلىق ئىجازەتنامىسىنى قانۇن بويىچە بىكار قىلسا بولىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) ئېلىنغان ئادەم قېنى، قان شىرىسىنى ئەيدىز كېسىلى بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرمىگەن ياكى ئەيدىز كېسىلىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈشتە مۇسبەت چىققان ئادەم قېنى، قان شىرىسىنى بايقاپ تۇرۇپ ئېلىۋەرگەنلەر؛

(2) ئەيدىز كېسىلى بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈلمىگەن ئادەم قېنى، قان شىرىسى ياكى ئەيدىز كېسىلى بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈشتە مۇسبەت چىققان ئادەم قېنى، قان شىرىسىنى داۋالاش ئاپپاراتى ياكى قان ياسالمىسى ئىشلىگۈچى ئورۇنلارغا بەرگەنلەر.

قانۇنسىز قان ئالغان ۋە باشقىلارنى قان سېتىشقا تەشكىللىگەنلەرنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى بىكار قىلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**49 - ماددا** قان پونكىتلىرى، قان شىرىسى پونكىتلىرى، داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتلىرى ۋە قان ياسالمىسى ئىشلىگۈچى ئورۇنلاردىن قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارغا ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسىنى يۇقتۇرۇپ قويغانلىرى ھەق تەلەپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ۋە مۇناسىپ جىنايى جاۋابكارلىقنى قانۇن بويىچە ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**50 - ماددا** داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتلىرىدىن ئۆز ئورنىدىكى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن بۇلغانغان بۇيۇملار ۋە داۋالاش تاشلاندۇقلىرىنى بەلگىلىمە بويىچە دېزىنفېكسىيە قىلىش ياكى زىيانسىزلاندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشتا بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلمىغانلىرىغا گوۋۇيۈەننىڭ «داۋالاش تاشلاندۇقنى باشقۇرۇش نىزامى»دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**51 - ماددا** ياتاق، كۆڭۈل ئېچىش، راھەتلىنىش، ساقلىق ساقلاش، ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ ياساش قاتارلىق مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تىجارەتچىلەر ساغلاملىق لاياقەتنامىسى ئالمىغانلارنى خېرىدارلارغا بىۋاسىتە مۇلازىمەت قىلدۇرغان بولسا ياكى ياتاق مۇلازىمىتى قىلىدىغان تىجارەتچىلەر شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن باشقا ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ تىجارەتچىلىرى تىجارەت سورۇنىغا بىخەتەرلىك قېپى قويمىغان ياكى بىخەتەرلىك قېپى بېرىش - سېتىش ئۈسكۈنىسى ئورناتمىغان بولسا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ، تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قوشۇمچە 500 يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ مۆھلەت ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلىرىنى تىجارىتىنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ كەسپكارلىق ئىجازەتنامىسىنى ئىجازەتنامە بەرگەن تارماق قانۇن بويىچە بىكار قىلىدۇ.

**52 - ماددا** ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغۇچى خادىملاردىن ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر ماتېرىياللىنى مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرگە ئاشكارىلاپ قويغانلىرىغا مەسئۇل تارماق مەمۇرىي جازا بېرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**53 - ماددا** ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىدىن تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرى بولغانلىرىغا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇش جازا قانۇنى» بويىچە جازا بېرىدۇ؛ زىيان سالغانلىرى ھەق تەلەپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) ئەيدىز كېسىلى بولۇپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۆكتەملىك قىلىپ چاتاق چىقارغان، باشقىلارنى قورقۇتقانلار؛

(2) ئۆزىنىڭ ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا ئېپپەت - نومۇسنى ساتقان، پاھىشۋازلىق قىلغانلار ياكى ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى قوللانماي تۇرۇپ باشقىلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ ئەيدىز كېسىلىنى قەستەن تارقاتقانلار؛

(3) ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خادىملىرىنىڭ ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىشىنى رەت قىلغان، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغانلار؛

(4) قانۇنغا خىلاپ باشقا قىلمىشى بارلار.

**54 - ماددا** مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ كېلىدىغان باشقا قىلمىشلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل تارماق قانۇن بويىچە جازا بېرىدۇ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

## 7 - باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**55 - ماددا** بۇ نىزام 2019 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

**(تەرجىمىسنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى قانۇن - نىزاملارنىڭ تەرجىمىسنى بېكىتىش گۇرۇپپىسى بېكىتتى)**